

ئۇيغۇر كومپيۇتېر مەستانىلىرى
تور ژورنىلى
UYGHUR COMPUTER CLUB
www.xjorgfan.com
مىكروسوفت Zune نىڭ سېتىلىشى بىر مىليوندىن ئاشتى
كومپيۇتېردا ئوقۇش پۈتتۈرۈش خاتىرىسى ئىشلەش
ھۆججەت يوشۇرۇشتىكى كارامەت ئۇسۇل
Windows ھەققىدە رىۋايەت (2)
تەھرىر: سەزگۈر
مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: ئادىل (Boss)
شىنجاڭ پروگرامما ھەۋەسكارلىرى كۇلۇبى
2007
6
www.uyghurcfan.com

# مۇندەرىجە

☆ كومپيۇتېر خەۋەرلىرى ☆


Zune نىڭ سېتىلىش مىقدارى بىر مىليونلۇق ئۆتكەلدىن ئۆتتى..........................سەزگۈر 3

فۇجىتسۇ(Fujitsu) ئۇقۇم خاتىرە كومپيۇتېرى كۆرگەزمە قىلىندى......................سەزگۈر 5

IT قىسقا ئۇچۇرلىرى...................................................سەزگۈر 6


☆ يۇمشاق دېتال سالونى ☆


كۆپ ۋاستىلىق ئوقۇش پۇتتۇرۇش خاتىرىسى ئىشلەش............................سەزگۈر 8


☆ ئۇنىڭدىن-بۇنىڭدىن ☆


Windows ھەققىدە رىۋايەت (2)..................................بورتالا ئوغلى (بىلىك) 13

Windows تىن 2 ھۈنەر ....................................سەزگۈر 26


☆ كومپيۇتېر ئىشلىتىشتىن تەجرىبىلەر ☆


ھۆججەت يوشۇرۇشتىكى كارامەت ئۇسۇل.........................................ۋىرۇس 29

Internet Explorer دىكى ئۇچۇرلارنى تازىلاش.....................................مايىر 30

Shift كونۇپكىسىدىن ئەپچىل پايدىلىنىش.......................................سەزگۈر 30


☆ تور بىلىملىرى ☆


QQ دىكى ئۇچۇرلۇپ كەتكەن دوستلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش......................سەزگۈر 36

YouTube نىڭ فىلىملىرىنى راۋان كۆرۈش.......................................مايىر 37


☆ «بىلىش» تىن سوئال-جاۋابلار ☆


«بىلىش» سىستېمىسىدىكى ھەل بولغان نادىر سوئال ـ جاۋابلار..........................بىلىش 35


☆ بىخەتەرلىك بىلىملىرى ☆


XP دىكى «ھۆججەت قىسقۇچ تاللانمىسى» نى ئەسلىگە كەلتۈرۈش...................سەزگۈر 38


ئۇيغۇر كومپيۇتېر مەستانىلىرى

# كومپيۇتېر خەۋەرلىرى

## Zune نىڭ سېتىلىش مىقدارى بىر مىليونلۇق ئۆتكەلدىن ئۆتتى

**تەييارلىغۇچى:سەزگۈر (Sazgur)**

مىكروسوفت شىركىتى تېخى يېقىندىلا پەخىرلەنگەن ھالدا،بۇ دۇنيا بويىچە بىرىنچى چوڭ يۇمشاق دېتال ماگناتى،ئىككىنچى چوڭ ئويۇنچۇق ماشىنىسى ئىشلەپچىقىرىش شىركىتىنىڭ تۇنجى نۇسخىدىكى MP3 قويغۇچىسى بولغان Zune نى سېتىش ۋەزىپىسىنى مۇددەتتىن بۇرۇن تاماملىغانلىقىنى،سېتىلىش مىقدارىنىڭ بىر مىليون دانىلىق چوڭ ئۆتكەلدىن ھالقىغانلىقىنى جاكارلىدى.

«بىز ناھايىتى خوشال ھالدا بۇ مۇۋەپپەقىيەتنى جاكارلايمىز،Zune نىڭ سېتىلىش مىقدارى بىر مىليونلۇق ئۆتكەلدىن ئۆتتى،بىزنىڭ قاتتىق دىسكا يۈكلەنگەن قويغۇچ بازىرىدىكى پايىدا نىسبىتىمىزمۇ 10% كە يەتتى.گەرچە Zune نىڭ دەسلەپكى قەدىمى ئاسمان-زېمىننى تىترەتكۈدەك دەرىجىدە ھېسابلانمىسىمۇ لېكىن بىز ناھايىتى خوشال.» دېدى مىكروسوفت كۆڭۈل ئېچىش ئۈسكۈنىلىرى بۆلۈمىنىڭ لىدىرى روبى باچ(Robbie Bach).

گەرچە مىكروسوفت ئۆتكەن 9 ئايدا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا بىر مىليون دانە Robbie Bach ساتقان بولسىمۇ،لېكىن ئالما شىركىتىنىڭ پەخىرلىك مەھسۇلاتى بولمىش iPod نىڭ يۈز مىليون دانىلىق سېتىلىش ئۆتكىلىدىن ئۆتكەنلىكىنىڭ ئالدىدا تېخى ھېچگەپ ئەمەس.

Zune مىكروسوفتنىڭ مەھسۇلات ھالىتىگە تازا ماس كېلىدۇ،ئىقتىدارى ۋە تولۇقلىمىلىرى كۆپ خىل،بىرىنچى ئەۋلادىنىڭ كۆرۈنمە يۈزى كۆرۈمسىز،بىراق،مىكروسوفتنىڭ غايەت زور مەبلىغىنىڭ قوللىشى ئاستىدا،كەلگۈسىدىكى iPod يەنىلا ھازىرقى ئۇتۇنلۇكىنى ساقلاپ قالالامدۇ-يوق ئۇنىڭغا ھازىر بىر نېمە دېمەك تېخى قىيىن. رەسىمدە:مىكروسوفت MP3 قويغۇچىسى Zune

كومپيۇتېر ماستانلىرى




مىكروسوفت MP3 قويغۇچىسى Zune



قارىغاندا ئەمدى iPod نىڭ ئورنىغا Zune مۇدا بولىدىغان ئوخشايدۇ.بۇنىڭغا ئەمدى تېخىمۇ كۆپ ئىقتىدارلار قوشۇلماقچى ئىكەن.

# فۇجىتسۇ(Fujitsu) ئۇقۇم خاتىرە كومپيۇتېرى

تەييارلىغۇچى:سەزگۈر (Sazgur)

ياپونىيىنىڭ توكيودا ئۆتكۈزۈلگەن لايىھىلەش كۆرگەزمىسىدە،فۇجىتسۇ بىر تۈرلۈك سىزلىق خاتىرە كومپيۇتېر ئۇقۇم لايىھىسىنى چىقاردى:«Fab PC».ئىسمىدىنلا چىقىپ تۇرۇپتۇكى،بۇ يېڭى خاتىرە كومپيۇتېر راستىنلا «ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغانFab» دېيىشكە ئەرزىيدۇ.

«Fab PC»دىكى Fab نىڭ قىسقارتىلىپ يېزىلىشى «Fabric (توقۇمىچىلىق مەھۇلاتى)» دىن كەلگەن بولۇپ،بۇ خاتىرە كومپيۇتېرنىڭ ئېكرانىغا ئىشلىتىلگەن ماتېرىيالنى بىلدۈرىدۇ.دەل مۇشۇنداق بولغانلىقتىن،بۇ خاتىرە كومپيۇتېرنىڭئېكرانى ناھايىتى ئېلاستىك،سەزگۈر.بىر- بىرىگە قاراپ ئېچىلغان قەغەزدەك بولۇپ ئاچسا كونۇپكا تاختىسى ۋە ئېكران بولۇپ ئىشلەۋېرىدۇ،ھەتتا قاتلىۋالسىمۇ ھېچنېمە بولمايدۇ،ئۇنىڭ سىرتقى قىسمىدىكى ماتېرىياللار ئىچكى قىسمىدىكى ئېكراننى قوغداش رولىنى ئۆتەيدۇ.

فۇجىتسۇ ئەمەلگە ئاشۇرۇش تېخنىكىسى،ئەمەلىي باھاسى،بازارغا سېلىنامدۇ يوق،ياكى قاچان بازارغا سېلىنىدۇ دېگەندەكلەرنى ئۆز ئىچىگە ھېچقانداق مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇر ئېلان قىلمىدى.لېكىن ئېلېكترونلۇق قەغەز ۋە ئېلېكترونلۇق سىياھ تېخنىكىسى ئىشلىتىلگەن بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىنماقتا.ئەمما ناھايىتى ئېنىقكى،بۇ پەقەت بىر تەسەۋۋۇرغا تولغان ئۇقۇم خاراكتېرلىك تېخنىكا سىنىقى بولۇش ئېھتىماللىقى ئەڭ زور.تۆۋەندىكىلەر بۇ خاتىرە كومپيۇتېرنىڭ سۈرەتلىرى.قانداق خېلى بولامدىكەن؟بۇنى كۆرۈپ ھازىرقى خاتىرە كومپيۇتېرىڭىزنى تاشلىۋەتمەڭ جۇمۇ يەنە.

ئۇيغۇر كومپيۇتېر مەستانىلىرى



# IT قىسقا ئۇچۇرلىرى

## تەييارلىغۇچى:سەزگۇر (Sazgur)

مىكروسوفت باش لىدىرى بىل گېيتىس مۇ ئاينىڭ بېشىدا،بۇ يىل بېشىدىكى 100 كۈندە Windows Vista نىڭ 40 مىليون دانىغا يېقىن سېتىلىپ بولغانلىقىنى ،ئىستېمالچىلارنىڭ يۈنىلىشىنى رەقەملەشكەن تۇرمۇش شەكلىگە ئۆزگەرتىشى بۇ سىستېمىنى تارىختىكى سېتىلىشى ئەڭ تېز سىستېمىغان ئايلاندۇرغانلىقىنى جاكارلىدى.ئۇنىڭ ئىچىدە يۇقىرى دەرىجىلىك نەشرىنىڭ سېتىلىشى 78% نى ئىگىلىگەن.

جۇڭگو دۆلەتلىك تەرەققىيات ئىسلاھات كومىتېتىنىڭ بىر پارچە دوكلاتىدا كۆرسىتىلىشىچە،2010-يىلىغا بارغاندا،جۇڭگودىكى يۇقىرى پەن-تېخنىكا سانائىتىنىڭ ياراتقان قىممىتى ئالدىنقى نەچچە يىلدىكىنىڭ 3 ھەسسىسى ئەتراپىدا ئېشىپ 14 تىرىليون 500 مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن ئېشىپ كېتىدىكەن.نۆۋەتتە،جۇڭگونىڭ يۇقىرى پەن-تېخنىكا سانائىتى دۇنياغا ئۈچىنچى ئورۇنغا تىزىلغان.

خەلقئارا يۆمشاق دېتال نەشر ھوقۇقىنى قوغداش تەشكىلاتى مۇشۇ ھەپتىنىڭ بېشىدا ئېلان قىلغان بىر تۈرلۈك تەكشۈرۈش دوكلاتىدا دېيىلىشىچە، 2006-يىلى جۇڭگو بازارلىرىدا ساختا نەشردىكى يۇمشاق دېتاللارنىڭ ئىشلىتىلىش نىسبىتى 82% بولۇپ 2005-يىلىدىكى 86% دىن تۆۋەنلىگەن. ئۆچ يىلدىن بۇيانقى ساختا نەشردىكى يۇمغاق دېتاللارنى ئىشلىتىش نىسبىتىنىڭ تۆۋەنلىشى، يۇمشاق دېتال كارخانىلىرىنى 864 مىليون ئامېرىكا دوللىرى زىياندىن ساقلاپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، 2006-يىلى جۇڭگو ھەققىي نەشردىكى يۇمشاق دېتال بازىرى كۆلىمى بىر مىليارد 200 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، يىللىق ئېشىشى نىسبىتى 88% بولغان.

تېڭشۈن شىركىتى مالىيە گېزىتىنىڭ كۆرستىشىگە قارىغاندا مەزكۇر شىركەتنىڭ بىرىنچى پەسىلدىكى ساپ پايدىسى 290 مىليون يۈەن خەلق پۇلى بولۇپ، ئۆتكەن يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكى 249 مىليون يۈەندىن 16.2% ئاشقان.

مىكروسوفت تەتقىق قىلىۋاتقىلى نەچچە يىللار بولغان ”Windows Server “Longhorn Beta3 قا Windows Server 2008 دەپ قايتا نام بەرگەنلىكىنى رەسمىي جاكارلىدى. دېمەك، بۇ سىستېما ئەمدى مىكروسوفتنىڭ كېيىنكى ئەۋلاد مۇلازىمېتىر مەشغۇلات سىستېمىسى بولۇپ قالىدۇ.

ياھۇ جوڭگوغا رەسمىي ھالدا جۇڭگو ياھۇ دەپ نام بېرىلدى.

توشىبا شىركىتى يېڭى ئۇسلۇبتىكى 2.5 ئىنگلىز سۇغىلىق 7200 ئايلىنىدىغان 200GB گىگابايىتلىق قاتتىق دىسكىنى ئېلان قىلدى.

بىر تۈرلۈك قىزىقارلىق ستاتىستىكا ماتېرىيالىدا كۆرسىتىلىشىچە،ئۆتكەن يىلى توردا نېمە ئەڭ قىزىق سېتىلغان؟دېگەن سوئالنىڭ جاۋابى ـــــ كىيىم بولۇپ،كومپيۇتېر بولمىغان.بەلكىم بۇمۇ دۇنيادا ئاياللارنىڭ كۆپلۈكىنىڭ يەنە بىر ئىسپاتى بولسا كېرەك.

# يۇمشاق دېتال سالونى

## كۆپ ۋاستىلىق ئوقۇش پۈتتۈرۈش خاتىرىسى ئىشلەش

### تەييارلىغۇچى:سەزگۈر

ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان مەزگىلمۇ ھەش-پەش دېگۈچە يېتىپ كەلدى مانا.خوشال مىنۇتلارنى بىللەن ئۆتكۈزگەن ساۋاقداشلار بىلەن قالدۇرغان خاتىرىلەر بىزنى ساۋاقداشلارنى،ئانا مەكتەپنى مەڭگۈ ئۇنتۇماسلىققا دەۋەت قىلىپ تۇرىدۇ.بۇ گۈزەل ئەسلىمىلەرگە ئەلۋەتتە سەل قارىغىلى بولمايدۇ-دە،ئۇنداقتا بىز ئۇنى خاتىرىلەپ قويمامدۇق؟«كۆپ ۋاستىلىق ئوقۇش پۈتتۈرۈش خاتىرىسى» دەل بىر تۈرلۈك كەسپىي ئېلېكترونلۇق ئوقۇش پۈتتۈرۈش خاتىرىسى ئىشلەش دېتالى بولۇپ،مەشغۇلاتى ئاددىي.تېز سۈرئەتتىلا يېزىق،رەسىم،ئاۋاز تويلاشتۇرۇلغان كۆپ ۋاستىلىق ئوقۇش پۈتتۈرۈش خاتىرىسى ئىشلىگىلى بولىدۇ.

بىر ياخشى بولغان ئوقۇش پۈتتۈرۈش خاتىرىسى ياساپ چىقىش ئۈچۈن ئاۋۋال ھەرخىل خام ماتېرىياللارنى تولۇق تەييارلىۋېلىش كېرەك.ئوقۇتقۇچىلار،ساۋاقداشلار ۋە مەكتەپنىڭ رەسىملىرى،ئوقۇتقۇچى ۋە ساۋاقداشلارنىڭ ئارخىبلىرى،يۈرەك سۆزلىرى قاتارلىقلار.ئىشقىلىپ خام ماتېرىياللارنى قانچە كۆپ تەييارلىۋالساق خاتىرە شۇنچە ياخشى چىقىدۇ.


بىرىنچى قەدەم:يۇمشاق دېتالنى قوزغاتقاندىن كېيىن،ئاۋۋال «ئانا مەكتەپ ئەسلىمىسى»(母校的回忆) كۆزنىكىگە كىرىمىز.بۇ يەردە مەكتەپنىڭ رەسىمنى قوشساق ۋە مەكتەپ

چۈشەندۈرۈلۈشىنى يازساق بولىدۇ.تەييارلاپ قويغان رەسىمنى «رەسىم تاللاش»(自选图片) كونۇپكىسىنى چېكىش ئارقىلىق كىرگۈزگىلى بولىدۇ.(پەقەت BMP,JPG شەكلىدىكى رەسىملەرنىلا كىرگۈزۈشكە بولىدۇ،رەسىمنىڭ كۆرۈنۈش ئۈنۈمىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئەڭ ياخشىسى رەسىمنىڭ چوڭلۇق نىسبىتىنى 4:3 نىسبەت بويىچە تەڭشىگەن ياخشى)ئەگەر مەكتەپنىڭ رەسىمى بولمىسا«سىستېما رەسىمى» (系统图片) كونۇپكىسىنى چېكىپ يۇمشاق دېتالنىڭ ئۆزىدىكى رەسىملەرنى ئىشلەتسىڭىزمۇ بولىدۇ.ئاندىن «سىنىپ نامى»(班级名称) ۋە «ئانا مەكتەپ ئەسلىمىسى»(母校回忆) رامكىسىغا مۇناسىۋەتلىك چۈشەندۈرۈشنى يازسىڭىز بولىدۇ.





2 ـ قەدەم:«جاپاكەش باغۇەن»(辛苦的园丁) ۋە «ئوخشاش كۆزنەكتىكى ساۋاقداش»(同窗的学友) ئىككى تۈر كارتىسىمۇ پۈتۈنلەي ئوخشاش بولۇپ بۇ يەردە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ رەسىم قوشۇشنى مىسال قىلىمىز.«جاپاكەش باغۇەن»(辛苦的园丁) تۈر كارتىسىدا «ئوقۇتقۇچى رەسىمىنى قوشۇش»(添加老师照片) كونۇپكىسىنى بېسىپ،«رەسىم قوشۇش»(添加照片) دىئالوگ رامكىسىنى ئاچىمىز.«رەسىم ئىزدەش»(搜寻图片) تىزىملىكىدە رەسىم تۇرۇشلۇق مۇندەرىجىنى كۆرسەتكەندىن كېيىن بۇ مۇندەرىجىدىكى بارلىق رەسىملەر دەرھاللا ئاستىدىكى تىزىملىكتە

كۆرۈندۇ.رەسىم ئىسمىنىڭ سول تەرىپىدىكى «رەسىم كۆرۈش»(图片浏览) رامكىسىدا بۇ رەسىمنى كۆرۈش ئارقىلىق ئۆزىمىز ئىزدىگەن رەسىمنى مۇقىملاشتۇرالايمىز.ئاندىن ئېھتىياجلىق رەسىمنى نۆۋەت بويىچە تاللاپ،«تاللانغان ھۆججەتنى ئوڭ تەرەپتىكى تىزىملىككە كىرگۈزۈش»(被选文件放入右边列表) كونۇپكىسىنى بېسىپ،رەسىمنى «رەسىم ھۆججىتى تىزىملىكى»(图片文件列表)گە كىرگۈزىمىز.ئاندىن «تىزىملىكتىكى [√] بەلگىلىك ھۆججەتلەرنى ياساش سىستېمىسىغا ساقلاش»(保存列表中[√]标记文件到制作系统中) كونۇپكىسىنى بېسىپ بۇ رەسىملەرنى «ئوقۇتقۇچى پۈتۈن ئۇچۇرى تىزىملىكى»(老师全部信息列表) رامكىسىغا قوشالايمىز بولدى.




مەشغۇلات كۆزنىكىگە قايتقاندىن كېيىن،تىزىملىكتىكى رەسىملەرنى نۆۋەت بويىچە تاللىساق (تىزىملىكنىڭ ئوڭ تەرەپ ئۈستى ئۇچبۇرجەك كونۇپكا ئارقىلىق رەسىمنىڭ تەرتىپىنى تەڭشىگىلى بولىدۇ.)بۇ رەسىمگە ماس يېزىق ئۇچۇرىنى قوشقىلى بولىدۇ.مەسىلەن:.ئىسىم ـ فامىلە،خىزمىتى،تېلېفون نومۇرى دېگەندەك.





3 ـ قەدەم:«مەڭگۈلۈك ۋاقىتلار»(永恒的瞬间) تۈر تاللانمىسىنى چېكىپ مەكتەپ،سىنىپ ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك رەسىم ۋە ئۆچۈرلارنى قوشسىز.«تۇرمۇش رەسىمى قوشۇش»(添加生活照片)كونۇپكىسىنى چېكىپ،«رەسىم قوشۇش»(添加图片) دىئالوگ رامكىسىدا تەييارلىۋالغان مەكتەپ رەسىمنى ئاچىمىز.ئاندىن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى «سىنىپ ئالبومى بارلىق ئۆچۈرلار تىزىملىكى»(班级信息全部信息列表)گە كىرگۈزىمىز.ئاندىن تەرتىپ بويىچە رەسىم تاللاپ ئۇلارغا «تېما»،«ۋاقىت»،«چۈشەندۈرۈش» كىرگۈزىمىز.

4 ـ قەدەم:«ئۇنتۇلغۇسىز مېلودىيە»(难忘的旋律)تۈر كارتىسىنى چېكىپ،پۈتەي دەپ قالغان ئوقۇش پۈتتۈرۈش خاتىرىسىگە ئارقا كۆرۈنۈش مۇزىكىسى قىستۇرىمىز.بۇنىڭ ئۈچۈن«مۇزىكا قوشۇش»(添加音乐曲目) تۈرنى چېكىپ،«مۇزىكا قوشۇش»(添加音乐) دىئالوگ رامكىسىنى ئېچىپ،«مۇزىكا ئىزدەش»(搜寻音乐) رامكىسىدا مۇزىكا تۇرۇشلۇق مۇندەرىجىنى تاللاپ،ئاستىدىكى تىزىملىكتە مۇزىكا ھۆججىتىنى تاللاپ،ئاستىدىكى تىزىملىكتە مۇزىكا ھۆججىتىنى تاللايمىز.«نۆۋەتتىكى مۇزىكىنى قويۇش»(播放当前音乐) كونۇپكىسىنى چېكىپ ئالدىن ئاڭلاپ باقساق بولىدۇ.ئۆزىمىزگە كېرەكلىك مۇزىكا ئېكەنلىكىنى مۇقىملاشتۇرغاندىن كېيىن «مۇزىكا ھۆججىتى

تىزىملىكى»(音乐文件列表) رامكىسىغا قوشساق بولىدۇ. بىرلا ۋاقىتتا كۆپ ناخشا ـ مۇزىكا قوشقىلى بولىدۇ. ئەڭ ئاخىردا «تىزىملىكتىكى[√]بەلگىسى قويۇلغان ھۆججەتنى مۇزىكا ئامبىرىغا ساقلاش»(保存列表中[√]标记文件到音乐库中 ) كونۇپكىسىنى چېكىپ مۇزىكا ھۆججەتلىرىنى مەشغۇلات كۆزنىكىگە قوشىمىز. بۇ ۋاقىتتا «مۇزىكا بارلىق ئۇچۇرلىرى تىزىملىكى»(音乐曲目全部信息列表) دە مۇزىكا ھۆججىتى نامى بولمايدۇ، «مۇزىكا نامى»(曲目名称) رامكىسىدا ئىسم قويساق بولىدۇ.

5 ـ قەدەم: بارلىق خام ماتېرىياللار قوشۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، «ياساش»(制作) كونۇپكىسىنى چەكسەك «ياساپ ھاسىل قىلىش»(生成制作) دىئالوگ رامكىسىدا ھۆججەتنىڭ ساقلىنىش مۇندەرىجىسىنى كۆرسىتىپ «ياساش»(制作) كونۇپكىسىنى چەكسەكلا كۆپ ۋاستىلىق ئوقۇش پۈتتۈرۈش خاتىرىسىنى ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ.




ياساپ بولغاندىن كېيىن ساقلانغان مۇندەرىجىنى ئاچساق [BYJNC] ناملىق مۇندەرىجىنى كۆرىمىز. بۇ مۇندەرىجىنى ئاچساق ئىچىدە [JNCsee.exe] ناملىق ھۆججەت بار بولۇپ، بۇ ھۆججەتنى قوش چەكسەك خاتىرىنىڭ ئۈنۈمىنى كۆرەلەيمىز. ئەڭ ئاخىردا بۇ مۇندەرىجىنى دىسكىغا ئويۇۋېلىپ ساۋاقداشلار بىرىپ تەڭ بەھىر ئالساق بولىدۇ. چاتاق يېرى يۇنىكودنى قوللىمايدىكەن، شۇڭا ئۇيغۇرچە ئىشلىگىلى بولمايدىكەن.

# ئۆتكەن-بۈگۈن

## Windows ھەققىدە رىۋايەت (2)

تەييارلىغۇچى:بورتالا ئوغلى (بىلىك)
بىلىك كۇلۇبىدىكى ئەزالىق نامى:FinalFantasy

### ئىككىنچى قىسىم 1995 ـ 2000 ـ يىللىرى

يۇقىرى پەللىگە چىقىش...

**1995 ـ يىلى Microsoft نىڭ ئەڭ مۇھىم بۇرۇلۇش نۇقتىسىنىڭ بىرى ھېسابلىنىپ،ئۇنىڭ چوڭقۇر تەسىرى ھازىرغا قەدەر كىشىلەرنى ئەسلىتىدۇ. بۇ يىل توغرۇلۇق سۆزلەيدىغان ئىشلار ھەققەتەن ناھايىتى كۆپ...**

## *Windows 95*

**Windows 2.x بولسۇن ياكى Windows 3.x بولسۇن،ئۇلارنىڭ ھەممىسى MS ـ DOS ئاساسىدىكى Windows مەشغۇلات سىستېمىسى. Microsoft ئۇستەل يۈزىدە NT غا ئوخشاش 32 بىتلىق مەشغۇلات سىستېمىسىنىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىچكى كودى "Chicago" بولغان مەشغۇلات سىستېمىسى كۈندىلىك ئىش تەرتىپىگە كىرگۈزۈلىدۇ. بۇ دەل كېيىنكى Windows 95 دۇر.**





[Windows 95 سىناق نۇسخىسىنىڭ سۈرىتى]

1995-يىل 8-ئاينىڭ 24-كۈنى، 95 Windows رەسمىي ئېلان قىلىندى. ئۇ تارىختا بىرىنچى بولۇپ يىل نامى بىلەن نام بېرىلگەن Windows بولۇپ، رەسمىي نەشر نومۇرى 4.0 ئىدى. Windows 95 بولسا 16bit/32bit ئارىلاشما مەشغۇلات سىستېمىسى بولۇپ، MS-DOS دىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ مۇستەقىل ئىجرا بولالايدۇ. 95 Windows كە نۇرغۇنلىغان دېتاللار ۋە يېڭى ئۇقۇملار كىرگۈزۈلىدۇ، مەسىلەن:باشلاش تىزىملىكى بىلەن ۋەزىپە ستونىغا ئوخشاش مۇنەۋۋەر ئۈستەل يۈزى ئوبيېكتلىرى،يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئالدىن ئىگىلەش ئۇسلۇبىدىكى كۆپ ۋەزىپە ۋە كۆپ يىپ ئۆچى تېخنىكىسى، Plug and Play تېخنىكىسى، مول كۆپ ۋاستىلىق پروگراممىلار قاتارلىقلار.بۇ ئىقتىدارلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن، Windows 95 بىر مەيدان قاتتىق دېتال يېڭىلاش ھەرىكىتىگە تۈرتكە بولىدۇ. 95 Windows نى ئىشلىتىش ئۈچۈن، سىزدە چوقۇم 100MB چوڭلۇقتىكى قاتتىق دىسكا، 16MB چوڭلۇقتىكى ئىچكى ساقلىغۇچ، 640*480 ئېنىقلىق بىلەن 256 رەڭنى قوللايدىغان كۆرسىتىش كارتىسى بولۇشى كېرەك ئىدى،بۇ شۇ چاغدا خېلى يۇقىرى تەلەپ ھېسابلىناتتى.شۇ چاغدىن باشلاپ،Windows نىڭ ھەر بىر قېتىملىق چوڭ

يېڭىلىنىشىغا بىر قېتىملىق قاتتىق دېتال يېڭىلىنىشى ئەگىشىپ كېلىدۇ. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، Microsoft Windows 95 Service Release 1 نى ئېلان قىلىدۇ،ئىككىنچى يىلى Windows 95 OEM Service Release 2 (Windows 95 OSR2) نى ئېلان قىلىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ، Windows مەشغۇلات سىستېمىسى FAT32 ھۆججەت سىستېمىسىنى رەسمىي قوللايدۇ، ھەمدە Internet Explorer نى قوشۇپ تارقىتىشقا باشلايدۇ. Microsoft نىڭ مەشغۇلات سىستېمىسى ئىچىگە Internet Explorer نى قوشۇپ تارقىتىشى تور بەت كۆرگۈچ ياساش شىركىتى Netscape نىڭ نارازىلىقىنى قوزغايدۇ،ئۇلار بۇ قىلمىشنى ئادالەتسىز دەپ قارايدۇ.شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، Microsoft نىڭ مونوپوللىقىغا قارشى ھەرىكەتلەر تەدرىجىي ئەۋجىگە چىقىپ تاكى ھازىرغا قەدەر داۋاملىشىپ كېلىدۇ. Windows 95 OSR2 نىڭ مۇھىملىقى سەۋەبىدىن، بەزىلەر ئۇنى Windows 97 دەپمۇ ئاتايدۇ.




[Windows 95 قوزغىلىش سۈرىتى]




[Windows 95 ئۈستەل يۈزى]

ھەر تەرەپتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، Windows 95 مۇقەررەر ھالدا غەلىبىلىك مەھسۇلات ھېسابلىنىدۇ، ھەتتاكى تارىختىكى ئەڭ غەلىبىلىك مەشغۇلات سىستېمىسى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. Windows 95 ئېلان قىلىنغان كۈن گويا بىر خاللۇۋېنغا (غەربنىڭ بايرام كۈنى) ئايلىنىدۇ، Microsoft ئالدى بىلەن Rolling Stones مۇزىكا ئەترىتىدىن Start Me Up ناملىق ناخشىنىڭ ئىشلىتىش ھوقۇقىنى يۇقىرى باھادا سېتىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ ئېلان مۇزىكىسى قىلدى، ئارقىدىن Redmond دىكى 12 مولۇق تەنھەرىكەت مەيدانىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەبدەبىلىك چوڭ ئېلان قىلىش پائالىيىتىنى ئېلىپ باردى. بۇنداق كۈچلۈك تەشۋىقات تەسىرىدە، نۇرغۇنلىغان كومپيۇتېرى بولمىغان، ھەتتاكى Windows 95 نىڭ نېمىلىكىنىمۇ بىلمەيدىغان خېرىدارلارمۇ ئۆچرەتتە تۇرۇپ يۇمشاق دېتال سېتىۋالدى. قىسقىغىنا 4 كۈن ئىچىدە Windows 95 نىڭ 1 مىليون نۇسخىدىن كۆپرەكى سېتىلىپ بولدى.





[Windows 95 ئېلان قىلىنىش مەيدانى]

[ئىزاھ: Start Me Up ناملىق ناخشىنى چۈشۈرۈش ئادرېسى: http://www.cnbeta.com/xiaolu/win95/startmeup.mp3 ]

# Windows NT 4.0

ئالدىدا Windows NT 3.x نى ئەسلەپ ئۆتكەندە، بىز ئەمەلىيەتتە بىر نەشرىنى تاشلاپ ئۆتۈپ كەتتۇق،ئۇ بولسىمۇ Windows NT 3.51 . بۇ نەشر 1996-يىلى 5-ئايدا ئېلان قىلىنغان بولۇپ،ئۇنىڭ ئەھمىيىتى بولسا Windows 95 ئۈچۈن لايىھىلەنگەن قوللىنىشچان پروگراممىلارنى قوللاشنى باشلاشتىن ئىبارەت. Microsoft ھەتتا بۇ سىستېمىغا Windows 95 كە ئوخشاش Windows Explorer نى قوشىدۇ. ئىككىنچى يىلى، Windows 95 كە تېخىمۇ يېقىن بولغان Windows NT 4.0 دۇنياغا كېلىدۇ. بۇ نەشرىدىن باشلاپ، Microsoft نىڭ NT ئائىلىسىدىكى مەھسۇلاتلىرى پىشىپ يېتىلىشقا قاراپ ماڭىدۇ.




[Windows NT 4.0 قوزغىلىش سۈرىتى]

1996-يىلى 6-ئاينىڭ 29-كۈنى، Windows NT 4.0 رەسمىي ئېلان قىلىندى. بۇ نەشرىدە Windows 95 ئۇسلۇبىدىكى يۈزى كۆرۈنۈشى ئىشلىتىلىپ، ئۆرگىنىلگەن ئەمەلىي قوللىنىشچان مۇلازىمەت قوراللىرى قوشۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە كېيىن Microsoft ئۈچۈن Web مۇلازىمېتىرى بازىرى جېڭگە ئاتلىنىپ كۆپ كۈچ چىقارغان (Internet Information Services) IIS مۇ بار. بىراق، ئۇسلۇب يۈزى قوللىنىشچانلىقتا Windows NT 4.0 بىلەن Windows 95 نى بىر ئورۇنغا قويۇپ سېلىشتۇرغىلى بولمايتتى، چۈنكى ئۇ DirectX يۈزىنىڭ يېڭى نەشرىنى قوللىمايتتى. بۇ خىل ئەھۋال تاكى كېيىنكى كۈنلەردىكى Windows NT 5.0 يەنى، Windows 2000 غا كەلگەندە ئاندىن بىر ئاز ياخشىلاندى. Microsoft نىڭ Windows NT غا بولغان تېخنىكىلىق قوللىشى بىر نەچچە يىل داۋاملاشتى، ئوتتۇرىدا جەمئىي بولۇپ 6 مۇلازىمەت بولىقى (Service Pack) نى ئېلان قىلىپ، يوچۇقلارنى ياماش بىلەن بىللە يەنە بىر تۈركۈم يېڭى ئىقتىدارلار بىلەن تەمىنلىدى. كۆرۈنەرلىك مۇقىملىقى سەۋەبىدىن، بۇ نەشرىنى نۇرغۇن شىركەتلەر 21-ئەسىرگە كىرگەندىن كېيىنمۇ داۋاملىق ئىشلىتىپ كەلدى.





[IE 2.0 بىلەن Windows NT 4.0]

# Windows 98

ئالدىدىكى مۇۋەپپەقىيەتكە تايىنىپ، 1998-يىلى 6-ئاينىڭ 25-كۈنى Microsoft شىركىتى Windows 95 نىڭ ۋارىسى Windows 98 نى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ ئېچىش كودى "Memphis" بولۇپ، ئۆلچەملىك نەشىر نومۇرى 4.10.1998 بولدى. Internet Explorer (IE 4.0) مۇ Windows Explorer غا ئوخشاش سىرتقى يۈزگە ئىگە بولۇشقا باشلاپ، ئىككىسىنىڭ زىچ بىرىكتۈرۈلۈشى Microsoft نىڭ مەھسۇلاتلىرىدا Internet Explorer نى باغلاپ تارقىتىشتا مۇھىم باھانە بولدى. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە، Quick Launch Bar مۇ مۇھىم سىرتقى يۈزى ئېلېمېنتى سۈپىتىدە قوشۇلدى. Windows 98 نىڭ قاچىلاش پروگراممىسى Windows 95 نىڭ قاچىلاش پروگراممىسىغا قارىغاندا تېخىمۇ ئاسان بولدى، ئىچكى ساقلىغۇچ باشقۇرۇش پروگراممىسىنىڭ ئۈنۈمى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ۋەزىپە باشقۇرۇش پروگراممىسى ناھايىتى كۈچلۈك بولدى. MMX ۋە AGP قاتارلىق يېڭى قاتتىق دېتاللارغا بولغان قوللاشتىمۇ، Windows 98 دە ئاز بولمىغان تۈزۈتۈشلەر كىرگۈزۈلۈپ 1200 دىن ئارتۇق قوزغاتقۇچى پروگراممىسى قوشۇلدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، Windows 95 كە قارىتا

تۈزۈتۈش ئېلىپ بېرىش جەريانىدا ، Microsoft ئەسلى كودىدىن 3000 دىن ئارتۇق bug (پروگراممىا يېتەرسىزلىكى) لارنى تازىلاپ چىققان. Windows 98 SE (Second Edition) (ئىككىنچى نەشرى) 1999 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئېلان قىلىندۇ. بۇ نەشردە ئالدىنقى نەشردىكى بىر قىسىم كىچىك مەسىلىلەرنى توغرىلىغاندىن باشقا يەنە بىر تۈركۈم يېڭىلاشلارنى ئېلىپ بېرىلدۇ، مەسىلەن، Internet Explorer 5 ، Windows NetMeeting 3 ،يەرلىك دائىرىدىكى توردا Internet تىن تەڭ بەھرىمەن بولۇش، DVD ـ ROM نى قوللاش ۋە USB نى قوللاش قاتارلىقلار. DirectX 6.1 ئويۇن يۈزىنىڭ قوشۇلىشى، Windows سىستېمىسىنى ئەڭ ياخشى ئويۇن سۇپىسىغا ئايلاندۇردۇ.




[Windows 98 مەھسۇلات بولىقى]




[Windows 98 قاچىلاش يۈزى]





[Windows 98 ئۈستەل يۈزى]

ئومۇمەن، Windows 98 بىلەن Windows 98 SE نىڭ ھەر ئىككىلىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك مەھسۇلات ھېسابلىنىدۇ. ھازىرغا قەدەر، بىز نۇرغۇنلىغان كونا PC لاردا ئۇلارنىڭ سىماسىنى كۆرەلەيمىز.

# Windows 2000

4.0 Windows ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، Microsoft NT مەھسۇلات لىنىيىسىنىڭ كېيىنكى نىشانى تەبىئىيلا Windows NT 5.0 بولىدۇ. لېكىن، بۇ قېتىم Microsoft يەنە بىر قېتىم يىل نامى بىلەن Windows مەھسۇلاتىغا نام بېرىدۇ. 1998-يىل 10-ئايدا، Windows NT 5.0 نىڭ نامى Windows 2000 غا ئۆزگەرتىلىدۇ.





[Windows NT 5.0 كىرىش يۈزى]

Windows 2000 بولسا 2000 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى رەسمىي ئېلان قىلىنىپ، ئوخشاش بولمىغان ئىشلەتكۈچىلەر تۈرى ئۈچۈن جەمئىي بولۇپ 4 خىل نۇسخىسىنى تارقاتتى: Professional (كەسپىي نۇسخىسى)، Server (مۇلازىمېتىر نۇسخىسى)، Advanced Server (يۇقىرى دەرىجىلىك مۇلازىمېتىر نۇسخىسى) ۋە Datacenter Server (سانلىق مەلۇمات مەركىزى مۇلازىمېتىرى نۇسخىسى). بۇنىڭ ئىچىدە، Professional نۇسخىسى بۇرۇنقى Workstation نۇسخىسىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن بولۇپ، NT ئائىلىسىدىكى بىرىنچى ھەقىقىي يوسۇندىكى ئۈستەل يۈزى سىستېمىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ نۇسخىسى كېيىنكى Windows XP نىڭ دۇنياغا كېلىشىگە ئاساس سالدى. ھالبۇكى كېيىنكى 3 خىل سودا خاراكتېرلىك مەھسۇلاتلار Microsoft نىڭ مۇلازىمېتىر بازىرىغا قارىتا جەڭ ئېلان قىلغانلىقىنىڭ سىمۋولى ھېسابلىنىدۇ. Windows 2000 بولسا ئىنقىلاب خاراكتېرلىك مەھسۇلات بولۇپ، نۇرغۇنلىغان يېڭى تېخنىكىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىشلەتكۈچى قەۋىتى بىلەن يادرو قەۋىتىنىڭ ئايرىلىشى NT نىڭ سىستېما قۇرۇلمىسىنى تېخىمۇ ئورۇنلۇق، مۇقىم قىلىدۇ. NTFS ھۆججەت سىستېمىسى، EFS (ھۆججەت شىفىرلاش سىستېمىسى)، RAID ـ 5 ساقلاش سخېمىسى، تارقاقلاشتۇرۇلغان ھۆججەت سىستېمىسى، ئاكتىپ مۇندەرىجە قاتارلىق كۆپلىگەن يېڭى ئىقتىدارلارمۇ شۇ ۋاقىتتا دەسلەپ مەيدانغا كېلىدۇ. قاتتىق دېتاللارغا بولغان قوللاشتا، Windows 2000 نىڭ ئىلگىرىلىشى خېلى كۆرۈنەرلىك بولىدۇ. Windows 2000 نىڭ كۆپ CPU نى قوللىشى ئۇنى كەسپىي مۇلازىمېتىر قىلىپ ئىشلىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدۇرىدۇ. يېڭى Plug and Play تېخنىكىسى بىزنى USB ، IEEE1394 قاتارلىق ئۈسكۈنىلەرنى ئاسان ئۇسۇلدا ئىشلىتىش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، باشقۇرۇش كونترول سۇپىسى (MMC) مۇ مۇھىم باشقۇرۇش قورالى سۈپىتىدە كىرگۈزۈلىدۇ. NT 4.0 Windows قوللىمايدىغان يېڭى ئويۇن يۈزىمۇ Windows 2000 غا كىرگۈزۈلدۇ، ئۇ بولسىمۇ DirectX 7.0 تۇر. بىراق، مۇنداق كۆپ يېڭى تېخنىكىلارنىڭ قوشۇلۇشى، Windows 2000 گە نۇرغۇن يوشۇرۇن سىستېما يوچۇقلىرىنى قوشۇپ بېرىدۇ، بۇلار كېيىنكى Worm.Blaster دەك قۇرتسىمان ۋىرۇسلارنىڭ ئەۋج ئېلىشىغا ئۇرۇق سالدى.




[Windows 2000 قوزغىلىش سۈرىتى]





[Windows 2000 ئۈستەل يۈزى]

2000 Windows قولغا كەلتۈرگەن ئىلگىرىلەش مىسلى كـۆرۈلمىگەن دەرىجىـدە زور بولـدۇ.بەك داغدۇغىلىق بولۇپ ھېسابلانمىسىمۇ،ئەمما ئۇ Microsoft نىڭ Windows 95 دىن كېيىنكى ئەڭ مۇھىم مەھسۇلاتى بولـۇپ قالـدۇ. 2000 Windows نـىڭ مەيـدانغا كېلىـشى Windows 9x مەھسۇلات


ئائىلىسىنىڭ ئاخىرقى نۇقتىغا يېتىپ كەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. Microsoft كېيىن NT يادرولۇق مەھسۇلاتلىرى ئاساسىدا، قايتىدىن Windows بازار سىستېمىسىنى ئايرىيدۇ.

# Windows Me

Windows 98 SE بازارغا سېلىنغاندىن كېيىن، Microsoft ئۇنىڭ ئۈچىنچى نەشرىنى ئېچىش خىزمىتىنى باشلايدۇ. كېيىن، بۇ سىستېمىنىڭ نامى رەسمىي يوسۇندا Windows Millennium Edition(مىڭ يىل نەشرى)گە ئۆزگەرتىلىپ، (قىسقارتىلىپ Windows Me دەپ ئاتىلىدۇ) 2000-يىلى 9-ئاينىڭ 14-كۈنى ئېلان قىلىنىدۇ. Windows Me نىڭ بازار نىشانى ئائىلە كۆڭۈل ئېچىشى بولۇپ، Windows 98 كە نىسبەتەن ئېلىپ بېرىلغان يېڭىلىنىشلار ئانچە كۆپ ئەمەس، ئاساسلىقى ئادەتتىكى كۆپ ئىشلىتىلىدىغان يۇمشاق دېتاللارنىلا يېڭىلايدۇ،مەسىلەن، Internet Explorer 5.5 ۋە Windows Media Player 7.0. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، Windows Me گە بىر قاتار يېڭى كىچىك ئويۇنلار، ئائىلە كىنولىرىنى ئىشلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان Movie Maker ۋە تېخى پىششىق يېتىلمىگەن سىستېما ئەسلىگە قايتۇرۇش تېخنىكىسى قاتارلىقلار كىرگۈزۈلىدۇ. Windows Me ئەڭ ئاخىرقى 16bit/32bit ئارىلاش ئۇسلۇبىدىكى Windows 9x ئائىلىسى مەھسۇلاتى بولۇپ، بىز ئۇنىڭ نەشىر نومۇرىنىڭ 4.9 ئىكەنلىكىدىن Microsoft نىڭ بۇ خىل مۇددىئاسىنى كۆرۈۋالايمىز. شۇ ۋەجىدىن Microsoft بۇ مەشغۇلات سىستېمىسىغا بولغان تەشۋىقاتىدىمۇ ئانچە كۈچەپ كەتمەيدۇ. كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئۇنى Microsoft نىڭ Windows 3.0 دىن كېيىنكى ئەڭ مەغلۇبىيەتلىك تارقاتقان سىستېمىسى دەپ قارايدۇ. بىراق، Windows Me ئۇلار دېگەندەك ھېچنېمىگە ئەرزىمەس نەرسىمۇ ئەمەس،ئۇنىڭ قوزغىلىش ۋە ئۆچۈرۈلۈش سۈرئىتى 32 بىتلىق Windows لار ئىچىدە ئەڭ تېز ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىكى ئاما تەرىپىدىن تېخى پىششىق يېتىلمىگەن دەپ تەنقىدگە ئۇچرىغان يېڭى ئىقتىدارلار كېيىن يېڭى قىياپەت ۋە تېخىمۇ مۇقىم ئۈنۈمى بىلەن NT يادروسىدىكى شەخسىي كومپيۇتېر سىستېمىلىرىدا كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ. Microsoft ئۆزىنىڭ مەھسۇلات لىنىيىسىگە قايتا بىر قېتىم زور دەرىجىدە تۈزۈتۈش ئېلىپ بارىدۇ.




[Windows Me قوزغىلىش سۈرىتى]




[Windows Me ئۈستەل يۈزى]


داۋامى كېيىنكى ساندا

# Windows تىن 2 ھۈنەر


## تەييارلىغۇچى:سەزگۈر(Sazgur)

### 1.خاتىرە دەپتەردە ھۆججەت ئېچىلىش ۋاقتىنى ئاپتوماتىك خاتىرىلەش

خاتىرە دەپتەردە ئادەتتە مەلۇم تېكىست ھۆججىتىنىڭ ئېچىلىش ۋاقتىنى خاتىرىلىيەلەيمىز.بۇنىڭ ئۇسۇلى:ھۆججەتنىڭ بىرىنچى قۇرىغا «LOG.» دەپ كىرگۈزۈپ(چوقۇم چوڭ يېزىلىشى كېرەك)،قۇر تاشلىۋېتىپ مەزمۇنىنى يېزىپ ساقلىساقلا بولىدۇ.بۇنداق بولغاندا بۇ ھۆججەت ھەر ئېچىلىپ تاقالغاندىن كېيىن ھۆججەت مەزمۇنىنىڭ ئاخىرىغا ئاپتوماتىك ھالدا ھۆججەتنىڭ نۆۋەتتىكى ئېچىلىش ۋاقتىنى خاتىرىلەپ ماڭىدۇ.




ئەلۋەتتە ھۆججەتنى ئېتىۋېتىدىغىنىڭىزدا سىزدىن ھۆججەت ئۆزگەرتىلگەنلىكىنى شۇڭلاشقا ساقلايدىغان ياكى ساقلىمايدىغانلىقىڭىزنى سورايدۇ.«ھەئە» نى باسسىڭىز ۋاقىت خاتىرىلىنىپ قالىدۇ،«ياق» نى باسسىڭىز ساقلانمايدۇ.




# 2. بىر بۇيرۇق بىلەنلا Boot.ini ھۆججىتىنى چۈشىنىش

ئادەتتە بىر كومپيۇتېردا ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق مەشغۇلات سىستېمىسى قاچىلانغاندا، كۆپ سىستېما تاللاش تىزىملىكى چىقىدۇ. بىلىدىغانلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا Boot.ini ئۆزگەرتىپ قوزغىلىش تىزىملىكىدىكى كۆرۈنۈش مەزمۇنى ۋە سىستېما يۈكلىنىش پارامېتىرىنى ئۆزگەرتىش ئادەتتىكىچىلا ئىش بولۇشى مۇمكىن. لېكىن يېڭىياچىلار ئۈچۈن ئېيتقاندا Boot.ini نى چۈشىنىش نىسبەتەن تەس ھېسابلىنىدۇ. ئالدىرىماڭ، مىكروسوفت يېڭىياچىلار ئۈچۈن بۇنىمۇ ئويلىشىپ قويغان بولۇپ، پەقەت بىر بۇيرۇق بىلەنلا Boot.ini ھۆججىتىنى تامامەن چۈشىنەلەيسىز.

بىرىنچى قەدەم: «ئىجرا» كۆزنىكىگە Cmd دەپ كىرگۈزۈپ، «مۇقىملاش» كونۇپكىسىنى باسىمىز.

ئىككىنچى قەدەم: چىققان بۇيرۇق يېزىش كۆزنىكىگە bootcfg دەپ كىرگۈزۈپ ئېنتېر كونۇپكىسىنى باسىمىز. ئەمدى كۆرۈنگەن ئۇچۇر سىزنى Boot.ini نى تولۇق چۈشىنىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىدۇ. bootcfg /? بۇيرۇقىنى كىرگۈزۈپ ئېرىشكەن نەتىجە سىزنى تېخىمۇ كۆپ پارامېتىرلار بىلەن بۇ بۇيرۇقنىڭ تېخىمۇ كۆپ ئىقتىدارىنى چۈشىنىش پۇرسىتىنى ھازىرلايدۇ.


```
C:\WINDOWS\system32\cmd.exe
Microsoft Windows XP [版本 5.1.2600]
(C) 版权所有 1985-2001 Microsoft Corp.

C:\Documents and Settings\user>bootcfg

启动加载程序设置
--------------------
timeout: 3
default: multi(0)disk(0)rdisk(0)partition(1)\WINDOWS

启动项目
--------
启动项目 ID: 1
好记的名称:  "Microsoft Windows XP Professional"
路径:        multi(0)disk(0)rdisk(0)partition(1)\WINDOWS
OS 加载选项: /noexecute=optin /fastdetect

C:\Documents and Settings\user>bootcfg /?

BOOTCFG /parameter [arguments]

描述:
    此命令行工具可以用来在 BOOT.INI 文件中配置，查询，
    更改或删除启动项目设置。
```

# كومپيۇتېر ئىشلىتىشتىن تەجرىبىلەر

## هۆججەت يوشۇرۇشتىكى كارامەت ئۇسۇل

### تەييارلىغۇچى:ۋىرۇس(Virus)

ئۆزىڭىزنىڭ مۇھىم ھۆججەتلىرىنى باشقىلارنىڭ كومپيۇتېرىغا قويۇپ قويماقچى بولۇپ،بۇ ھۆججەتلەرنى قويۇپ قويغانلىقىڭىزنى كومپيۇتېر ئىگىسى ۋە باشقىلارنىڭ بىلىپ قالماسلىقىنى ۋە يۇيۇپ تاشلىماشلىقىنى،شۇنداقلا ئۆز كومپيۇتېرىڭىزدىكى مۇھىم ھۆججەتلەرنى باشقىلارنىڭ كۆرۈشىدىن ۋە ئۆچۈرۈشىدىن ساقلىنىشنى ئۈمىد قىلىسىڭىز ،ئۇ ھالدا قانداق قىلىسىز ؟ ئەلۋەتتە بۇنىڭ نۇرغۇن ئۇسۇلى بار.مەسىلەن:ھۆججىتىڭىزنى يوشۇرۇن قىلىۋېتىش ،پرېسلاپ مەخپىي نومۇر سېلىۋېتىش،سىستېما مۇندەرىجىسى ئاستىغا يوشۇرۇپ قويۇش دېگەندەك.ئىشقىلىپ دەپ كەلسەك ئۇسۇللار نۇرغۇن.يەنە باشقا مەخپىلەشتۈرگۈچى يۇمشاق دېتاللارنى ئىشلىتىپ مەخپىلەشتۈرسىڭىزمۇ تامامەن بولىدۇ.لېكىن بۇنىڭدا باشقىلار يۇيىۋېتەلمىگەن بىلەن بايقىيالايدۇ.تۆۋەندە بىز بىر قەدەر ئاسان ھەم بايقىلىپ قېلىش ئېھتىماللىقى ئەڭ كىچىك بولغان بىر ئۇسۇلنى تونۇشتۇرماقچىمىز:

ئالدى بىلەن يوشۇرماقچى بولغان ھۆججەتلىرىڭىزنى بىر ھۆججەت قىسقۇچ ئىچىگە ئالىسىز.ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىچىگە بىر دانە mp3 ھۆججىتىنى قويىسىز-دە،پرېسلاش ھالىتىنى «ساقلاش»(存储) ھالىتىگە ئەكېلىپ ئىككىسىنى بىللە پرېسلايسىز.مۇشۇ ھالقا ئەڭ مۇھىم،چوقۇم رەسىمدىكىدەك ھالەتتە دائىرىگە ئېلىنغان تۈرنى تاللاپ ئاندىن پرېسلايسىز.مۇناسىۋەتلىك رەسىم:

ئۇيغۇر كومپيۇتېر مەستانىلىرى







پرىسلاپ بولغاندىن كېيىن پرىس هۆججەتنىڭ كېڭەيتىلگەن نامىنى Rar ياكى Zip تىن mp3 گە ئايلاندۇرۇپ قويسىڭىزلا كۇپايە. باشقىلار بۇ هۆججەتنى ئىككى چەككەندە ئوخشاشلا پرىسلاشتىن بۇرۇنقى mp3 هۆججىتى قويۇلىدۇ. سىزنىڭ هۆججەتلىرىڭىز بولسا بىخەتەر تۇرۇۋېرىدۇ. لازىم بولغاندا كېڭەيتىلگەن نامىنى Rar ياكى Zip قا ئۆزگەرتىپ پرىستىن يەشسىڭىزلا ئىش پۈتتى دېگەن سۆز.

## Internet Explorer دىكى ئۆچۈرلارنى تازىلاش


تەييارلىغۇچى: مايور(Mayor)

ئادەتتە دوستلار توردىن ئۆچۈر ئىزدىگەندە بىلىپ بىلمەيلا ئىزدىگەن ئۆچۈرلىرى ۋە تور بەت ئادرېسلىرى ساقلىنىپ قالىدۇ ۋە شەخسىي مەخپىيەتلىكى ئاسانلا ئاشكارلىنىپ قالىدۇ. مەسىلەن: مەن baidu.com دىن 中国 دەپ ئىزدىگەن بولسام، بەتنى ئۆچۈرۋېتىپ Internet Explorer نى قايتا قوزغىتىپ، baidu.com نىڭ ئىزدەش رامكىسىغا مائۇسنى چەككىنىمدە بايام ئىزدىگەن 中国 دېگەن

خەت ساقلىنىپ قالىدۇ. ئەگەر بۇ ئۇچۇرنى تامامەن ئۆچۈرۈپ تاشلايمەن دېسىڭىز بۇنىڭغا ناھايىتى كۆپ ئامالللار بار.كۆپ قىسىم كىشىلەر باشقا ياردەمچى يۇمشاق دېتاللار ، مەسىلەن ， 优化大师 修复专家 ... قاتارلىق قوراللارنىڭ ياردىمىدە مەقسىدىگە يېتىدۇ.

ئەمەلىيەتتە بۇلارنى ئىشلىتىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق،بىز پەقەت IE نى قوزغىتىپ ، «قورال» (工具) تىزىملىكىدىن «Internet تۈر تاللانمىلىرى» (Internet选项) تىزىملىكىنى تاللاپ،كۆرۈنگەن Internet选项 كۆزنىكىدىن «مەزمۇن» (内容) دېگەن تارماق بەتتە «ئاپتوماتىك تاماملاش»(自动完成) دېگەن كونۇپكىنى باسىمىز ۋە كۆرۈنگەن كۆزنەكتىن «رامكىلارنى تازىلاش»(清除表单) دېگەن كونۇپكىنى باسساقلا بولىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئىزدەش رامكىسىغا كىرگۈزۈپ ئىزدەلگەن مەزمۇنلارنىلا ئەمەس يەنە IE ئادرېس ستونىدىكى مەزمۇنلارنىمۇ تازىلىغىلى بولىدۇ.

«رامكىلارنى تازىلاش»(清除表单) كونۇپكىسىنىڭ يېنىدا يەنە «مەخپىي نومۇرنى تازىلاش»(清除密码) دەپ بار،بۇ ئارقىلىق IE ئېسىدە ساقلىۋالغان مەخپىي نومۇرلارنى ئۆچۈرۈۋېتەلەيسىز. قانداق بولامدىكەن؟قېنى ئۆزىڭىز قول سېلىپ ئىشلەپ كۆرۈڭ،شۇندىلا بۇ يەردە سۆزلەنگىنىدىنمۇ كۆپرەك بىلىملەرگە ئىگە بولالايسىز.



# Shift كونۇپكىسىدىن ئەپچىل پايدىلىنىش

تەييارلىغۇچى:سەزگۈر(Sazgur)

Shift كونۇپكىسى ھەممەيلەنگە ناھايىتى تونۇشلۇق،بىز دائىم بۇ كونۇپكىنى ئىشلىتىپ كىرگۈزۈش ئۇسۇللىرىنى ئالماشتۇرىمىز،ئۇيغۇرچە خەت كىرگۈزگەندە قوشۇپ ئىشلىتىمىز.ئەمەلىيەتتە بۇ كونۇپكىنىڭ بۇنىڭدىن باشقا يەنە خېلى كۆپ ئىقتىدارلىرى بار.بۇ ئىقتىدارلارنى بىلەمسىز؟

## 1. سىستېما قوزغىلىش تۈرى ۋە ئۈپتىك دىسكىنى ئاپتوماتىك قويۇشتىن ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتىش(بارماق ۋە يان دىسكىنمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)

سىستېما قوزغالغاندا،بىر مۇنچە پروگراممىلار Windows قا ئەگىشىپ قوزغىلىدۇ.مەسىلەن:«پروگراممىلار»(程序) تىزىملىكىدىكى «قوزغىلىش»(启动) گۇرۇپپىسىدىكى قوزغىلىش تۈرلىرى دېگەندەك.ئەگەر ئۇلارنى بەزىدە سىستېما بىلەن تەڭ قوزغالمىسۇن دېسەك قانداق قىلىمىز؟جاۋابى ئاددىي.پەقەت Windows سىستېمىغا رويخەتكە ئېلىنىۋاتقاندا Shift كونۇپكىسىنى بېسىپ تۇرساقلا بولىدۇ.ئادەتتە كومپيۇتېرغا سىرتقى ساقلىغۇچلانى چاتقاندا ياكى ئۈپتىك دىسكا قوزغاتقۇچقا دىسكا سالغاندا،ئاپتوماتىك قويۇش ئىقتىدارى بولغانلىقتىن،دائىم كومپيۇتېر بىردەم قېتىۋېلىپ ئىشىمىزغا دەخلى قىلىدۇ،ئەگەر ئۇلارنىڭ چېتىلغاندىن كېيىن ئاپتوماتىك ئىجرا بولۇشىنى خالىمىساق،دىسكىنى سېلىپ بولغاندىن كېيىن Shift كونۇپكىسىنى بېسىپ تۇرۇپ سىستېمىسنى دىسكىنى ئاپتوماتىك ئىجرا قىلىشقا سەل قاراتقۇزساقلا بولىدۇ.

### 2. مائۇس ئۇڭ كونۇپكىسى ئورنىدا ئىشلىتىش

تېمىسىدىنلا چىقىپ تۇرۇپتۇكى،ئەگەر مائۇسىڭىز سەزگۈر ئىشلىمەي قالسا ياكى بۇزۇلۇپ قالسا،ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋاقتىنچە ئالماشتۇرىدىغان مائۇس يوق ئەھۋالدا جىددىي مەشغۇلات قىلىشقا توغرا كەلسە،بۇ توساقتىن يەنىلا Shift+F10 كونۇپكىسىنى بېسىش ئارقىلىق ئۆتەلەيسىز. Shift+F10بىرىكمە كونۇپكىسىنى بېسىش ئارقىلىق مائۇس ئۇڭ كونۇپكىسى بېسىلغان چاغدىكى ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدىغان بولۇپ،چەكسەك مائۇس ئۇڭ كونۇپكا تىزىملىكى چىقىدۇ.

### 3. يېڭى مۇندەرىجە كۆزنىكى ئېچىش

ئادەتتە ھۆججەت قىسقۇچلارنى كۆرگىنىمىزدە،مەلۇم ھۆججەت قىسقۇچنى قوش چەكسەك ئوخشاش بىر كۆزنەكتە ئېچىلىدۇ.بەزىدە بىز قوش چېكىلگەن ھۆججەت قىسقۇچنىڭ باشقا كۆزنەكتە ئېچىلىشىغا ئېھتىياجلىق بولۇپ قالساقچۇ،بۇ چاغدا قانداق قىلىمىز؟ئەمەلىيەتتە پەقەت ئاۋۋال Shift كونۇپكىسىنى بېسىپ تۇرۇپ،ئاندىن ھۆججەت قىسقۇچنى قوش چەكسەكلا بۇ مەقسەتكە يېتەلەيمىز.بۇ ئەھۋالدا بۇ ھۆججەت قىسقۇچ يېڭى مۇندەرىجىدە ئېچىلىدۇ.تور بەت زىيارەت قىلغاندىمۇ ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن تور بەتتىكى ئۇلىنىشنى چېكىپ،چېكىلگەن ئۇلىنىشتىكى بەتنى يېڭى كۆزنەكتە زىيارەت قىلالايمىز.

### 4. ئىككى ھۆججەت ئارىلىقىدىكى ھۆججەتلەرنى تاللاش

بەزى چاغلارنى بىر قاتار ھۆججەتلەرنى تاللاش ئىمكانىيىتى تۇغۇلىدۇ،ئەگەر بىز تاللىماقچى بولغان ھۆججەتلەر قاتار تىزىلغان بولسا مائۇس بىلەن سىيرىپ تاللىساق بىر قەدەر تەس بولىدۇ ۋە ياكى ئارىلىقتا بەزى ھۆججەتلەرنى تاشلىۋېتىپ ئارىسىدىكى ھۆججەتلەرنى تاللاش ئىمكانىيىتى بولىدۇ.بۇ ۋاقىتتا،بىز ئاۋۋال بىرىنچى ھۆججەتنى تاللىۋېلىپ،ئاندىن Shift كونۇپكىسىنى بېسىپ تۇرۇپ،ئەڭ ئاخىرقى بىرھۆججەتنى تاللايمى،بۇنداق بولغاندا بۇ ئىككى ھۆججەت ئارىلىقىدىكى بارلىق ھۆججەتلەر تاللىنىدۇ.قانداق قولايلىقمىكەن؟ئەلۋەتتە بۇ ئۇسۇلنى

ھۆججەت قىسقۇچ ۋە ئاربلاش تاللاشلارغىمۇ ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

### 5. ھۆججەتنى بىۋاستە ئۆچۈرۈش

ئادەتتە بىز ھۆججەت ئۆچۈرگەندە دائىم ئاۋۋال «ئەخلەت ساندۇقى» غا ئۆچۈرۈپ،ئاندىن يەنە «ئەخلەت ساندۇقى» غا بېرىپ ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھۆججەتنى قايتىدىن ھەقىقىي ئۆچۈرىمىز.بۇنداق بولغاندا بىر ھۆججەتنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن ئىككى باسقۇچ كېتىدۇ،ناھايىتى ئاۋارىچىلىق.(ئەلۋەتتە ھۆججەتنىڭ خاتا ھالدا تەلتۆكۈس ئۆچۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ)ئەمەلىيەتتە ھۆججەت ئۆچۈرگەندە **Shift** كونۇپكىسىنى بېسىپ تۇرۇپ ئۆچۈرسەك بۇ ھۆججەتنى بىراقلا تەلتۆكۈس ئۆچۈرۈش مەقسىدىگە يېتەلەيمىز-دە،«ئەخلەت ساندۇقى» غا قايتا قاتراپ يۈرمەيمىز.

ئەلۋەتتە **Shift** كونۇپكىسىنىڭ يۇقىرىدا مەن بايقىغان رولىدىن باشقا رولى بولۇشىمۇ مۇمكىن،قېنى كۆپچىلىك بىلگىنىمىزدىن تەڭ ئورتاقلىشىپ باقامدۇق؟ئويلاپ باقتىڭىزمۇ،بۇ كونۇپكىنىڭ يەنە قانداق رولى بار؟

# «بىلىش» تىن سوئال-جاۋابلار

## «بىلىش» سىستېمىسىدىكى ھەل بولغان نادىر سوئال-جاۋابلار

**سۇئال 1 :** تور بېتىمىزنى بەيدۇ،گوگۇلغا قانداق تىزىملىتىمىز ؟

**جاۋاب :** Google غا تىزىملىتىش ئۇسۇلى:

ئاۋال تۆۋەندىكى ئادرېسنى ئاچىسىز:

http://www.google.com.cn/intl/zh-CN/add_url.html

كىرگەندىن كېيىن تور بېكەتنىڭ بىر قىسىم ئۇچۇرلىرىنى تولدۇرۇش ئورنى كۆرۈنىدۇ، تور بەت ئادرېسى ئورنىغا ئۆزىڭىزنىڭ بېكەت ئادرېسىنى تولدۇرىسىز، ئاستىدىكى چۈشەندۈرۈش ئورنىغا تور بېكىتىڭىزنىڭ قىسقىچە چۈشەندۈرۈشلىرىنى يازىسىز، ئاندىن تىزىملىتىش كۇنۇپكىسىنى باسسىڭىزلا بولىدى.

baidu غا تىزىملىتىش ئۇسۇلى:

ئوخشاشلا تۆۋەندىكى ئادرېسنى ئاچىسىز:

http://www.baidu.com/search/url_submit.html

ئاندىن ئاستىغا تور ئادرېسى ۋە تەستىق نومۇرىنى كىرگۈزۈپ جەزملەشتۈرسىڭىزلا بولىدى.(بىلىش تورىدىن تەدبىركار)

# تور بىلىملىرى

## QQ دىكى ئۆچۈرۈلۈپ كەتكەن دوستلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش

تەييارلىغۇچى:سەزگۈر(Sazgur)

يېقىندا QQ رەتلەۋېتىپ بىر قىسىم دوستلىرىمنىڭ ئىسمى ئۆزگەرتكەنلىكىنى بىلمەستىنلا خاتا ھالدا بىر مۇنچە دوستلىرىمنى ئۆچۈرىۋېتىپ قاپتىمەن.ئالە شەرىڭنى،ئەمدى قانداق قىلارمەن؟يا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ QQ نومۇرىنى يادقا بىلمىسەم......

شۇنىڭ بىلەن ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولامدۇ- يوق دېگەن مۇددىئا بىلەن تورنى ئاختۇرسام،تېڭشۈن شىركىتى دەل مەندەك خاتالاشقانلار ئۈچۈن مەخسۇس«ئەسلىگە كەلتۈرۈش سىستېمىسى»(恢复系统) چىقىرىپتىكەن ئەمەسمۇ؟!سەت تەلەيلىك ئاداشتە مەن،ئامال يوق.ھى،ھى،ھى....

شۇنىڭ بىلەن ئەسلىگە كەلتۈرۈش بېتى http://huifu.qq.com گە كىرىپلا مەشغۇلاتنى باشلىۋەتتىم.بۇ بەتكە ئاۋۋال QQ نومۇرۇم ۋە مەخپىي نومۇرۇمنى(ئەلۋەتتە دوستلارنى ئۆچۈرۋەتكەن QQ) نى كىرگۈزۈپ كىرگەندىن كېيىن،ئەسلىگە كەلتۈرۈش دائىرىسىنى تاللاش بېتىنى كۆردۈم،شۇنىڭ بىلەن ئۆزەم دوستلارنى ئۆچۈرۋەتكەن ۋاقىتقا ئاساسەن ۋاقىت دائىرىسىنى تاللاپ بولغاندىن كېيىن،«يوللاش» كونۇپكىسىنى بېسىپ مەشغۇلاتنى تاماملىدىم.يوللاش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغاندىن كېيىن QQ ئەسلىگە كەلتۈرۈش سىستېمىسى 3 خىزمەت كۈندە(شەنبە،يەكشەنبەدىن سىرت كۈنلەر) بۇ تەلەپلەرنى بىر تەرەپ قىلىدىكەن ئەمەسمۇ؟!ئامال يوق،ساقلىدىم شۇ.3 كۈندىن كېيىن نەتىجىنى QQ سىستېما ئۇچۇرى ئارقىلىق

ئۇقتۇردى تېخى.بىر چاتاق يېرى بىر ئاي ئىچىدە ئۆچۈرۈۋەتكەن دوستلارنىلا ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدىكەنمەن.




## YouTube نىڭ فىلىملىرىنى راۋان كۆرۈش
## تەييارلىغۇچى:مايور(Mayor)

يېقىندىن بېرى YouTube توربدا قىسقا فىلىملەرنى كۆرۈش بەك قىينىلىشىپ كەتتى. 5 سېكۇنت كۆرە ـ كۆرمەيلا قېتىۋېلىپ ئادەمنى بىزار قىلىۋاتىدۇ. بەلكىم سىزمۇ ناھايىتى بىئارام بولغانسىز؟ YouTube تەرەپتىن كەلگەن ئىنكاسقا قارىغاندا YouTube ئابونتلىرى كۈندىن ـ

كۆنگە كۆپىيىپ،پارتلاش خاراكتېرلىك قىزغىنلىق مەيدانغا كەلگەن،شۇ سەۋەبلىك مۇلازىمېتىر يۈكى ھەددىدىن زىيادە ئېشىپ كېتىپ تور توسۇلۇپ قېلىش ئەھۋاللىرى يۈز بەرگەن. ئەمما يېقىندا "SpeedBit Video Accelerator" ناملىق ياردەمچى يۇمشاق مەيدانغا كەلگەن بولۇپ مەخسۇس YouTube قىسقا فىلىملىرىنى كۆرۈش جەريانىدا سۈرئەتنى تېزلەشتۈرۈش ئۈنۈمىگە ئىگە.

ئاۋال كومپيۇتېرىمىزغا "SpeedBit Video Accelerator" نى توردىن ئىزدەپ چۈشۈرۈپ قاچىلىسىڭىز ۋە مۇۋاپىق تەڭشىسىڭىزلا ئەڭ ياخشى سۈرئەتتە YouTube قىسقا فىلىملىرىنى كۆرەلەيسىز.

# بىخەتەرلىك بىلىملىرى

## XP دىكى «ھۆججەت قىسقۇچ تاللانمىسى» نى ئەسلىگە كەلتۈرۈش

**تەييارلىغۇچى:سەزگۈر(Sazgur)**


«ھۆججەت قىسقۇچ تاللانمىسى»(文件夹选项) بىزنىڭ سىستېما ۋە مۇندەرىجىلەرنى كۆرۈش ۋە ئۆزگەرتىشتىكى كەم بولسا بولمايدىغان قوراللىرىمىزدىن بىرى.ئەگەر ۋىرۇس سەۋەبىدىن كومپيۇتېرىڭىزدىكى «ھۆججەت قىسقۇچ تاللانمىسى» يوقاپ كەتسە قانداق ئەسلىگە قايتۇرۇپ كېلىسىز؟

بىرىنچى خىل ئۇسۇل:«گۇرۇپپا تەدبىرى»(组策略) ئارقىلىق ئەسلىگە كەلتۈرۈش

«باشلاش_>ئىجرا»(开始—运行) نى چېكىپ gpedit.msc دەپ كىرگۈزۈپ ئېنتېر كونۇپكىسىنى ئۇرغاندىن كېيىن،«گۇرۇپپا تەدبىرى» تەھرىرلەش كۆزنىكى چىقىدۇ.ئۆۋەت بويىچە «بۇ كومپيۇتېر تەدبىرى___>ئابونت تەڭشىكى___>باشقۇرۇش قېلىپى___>Windows قوشۇمچە قورالى___>Windows مەنبە باشقۇرغۇچىسى»(本地计算机策略——用户配置——管理模板——Windows组件——Windows资源管理器) نى يېيىپ،ئاندىن ئوڭ تەرەپتىكى كۆزنەكتە،(«قورال» تىزىملىكىدىن «ھۆججەت قىسقۇچ تاللانمىسىنى ئۆچۈرۈش تىزىملىكى») نى تاپىمىز.




مائۇسنى قوش چېكىپ بۇ تاللانمىنى ئېچىپ،خاراكتېر دىئالوگ رامكىسىدا «تەڭشەك» ئىقتىدار بېتىگە ئالماشتۇرساق،بۇ خاراكتېر تۇر تاللانمىسىدا «قوزغىتىلغان»(已启用) تۈرى تاللانغانلىقىنى كۆرىمىز.ئەمدى چۈشەنگەنسىز،دەل مۇشۇنداق بولغانلىقتىن «ھۆججەت قىسقۇچ تاللانمىسى» چەكلىۋېتىلگەن ھالەتتە بولىدۇ.بۇ ۋاقىتتا پەقەت بۇ تۈرنى «تەڭشەلمىگەن»(未配置) ياكى «چەكلەنگەن»(已禁用) قىلىپ تەڭشەپ قويسىلا بولىدۇ.ئەڭ ئاخىرىدا «مۇقىملاش» نى بېسىۋەتسەكلا «ھۆججەت قىسقۇچ تاللانمىسى» نى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولىدۇ.




ئىككىنچى خىل ئۇسۇل:تىزىملاش جەدۋىلى ئارقىلىق ئەسلىگە كەلتۈرۈش

«باشلاش_>ئىجرا» نى چېكىپ، **regedit** دەپ كىرگۈزۈپ تىزىملاش جەدۋىلى تەھرىرلىگۈچىسىگە كىرىمىز. ئاندىن نۆۋەت بويىچە **[HKEY_CURRENT_USER\Software\Microsoft\Windows\CurrentVersion\Policies\Explorer]** تۈرىنى ياپىمىز. ئوڭ تەرەپتىكى كۆزنەكتە **Nofile menu** تۈرىنى تېپىپ، ئۇنىڭ قىممىتىنى «0» قىلىپ ئۆزگەرتىمىز ياكى بۇ تۈرنى ئۆچۈرۈۋېتىپ كومپيۇتېرنى قايتا قوزغاتساقمۇ «ھۆججەت قىسقۇچ تاللانمىسى» نى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

ژورنال ئىشلىگۈچى:سەزگۈر(Sazgur)      ئېلخەت: Sazgur617@163.com

ھۆرمەت بىلەن:

شىنجاڭ پروگراما ھەۋەسكارلىرى ئىجادىيەت گورۇپپىسى

2007-يىلى 6-ئاينىڭ 15-كۈنى